ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رىۋىزىيە كومىتېتى نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەش خىزمىتىنى پۇختا قانات يايدۇرۇپ،

# نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشنى كۈچلۈك كاپالەتكە ئىگە قىلدى

**ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش ـ مەخسۇس تۈزەش**

مۇخبىرىمىز **جاۋجيۈن** خەۋەر قىلىدۇ: يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رىۋىزىيە كومىتېتى نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىگە دائىر يەتتە تىپىك دېلو مەسىلىنى ئاشكارىلىدى.

بۇ دېلو مەسىلىلىرى ئىچىدە، بەزىلەرنىڭ قىلچە ئىنتىزام، قانۇن ئېڭى يوق بولۇپ، تەپتارتماستىن نامراتلارنى يۆلەش تۈرىدىن پايدىلىنىپ پارا ئالغان، ھوشىنى تاپماي، قولىنى يىغماي، قارشى ھالدا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلغان؛ بەزىلەر بار ئاماللارنى ئىشلىتىپ ساختا تۈر تۇرغۇزۇش، ساختا، يالغان ماتېرىيال ئويدۇرۇپ چىقىش قاتارلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق تۈرلۈك نامراتلارنى يۆلەش مەخسۇس مەبلىغىنى ئالداپ ئېلىۋالغان، ئازدۇرۇپ ئېلىۋالغان؛ بەزىلەردە شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق ئېغىر بولۇپ، ۋەزىپىسىنى ئادا قىلمىغان، مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلمىغان، قىلىدىغانىنى قىلمىغان، قالايمىقان ئىش قىلغان.

«بۇ مەسىلىلەر نامرات ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە ئېغىر زىيان يەتكۈزۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش نەتىجە ـ ئۈنۈمىگە بىۋاستە تەسىر يەتكۈزۈپ، خەلق مەركەز قىلىنغان تەرەققىيات ئىدىيەسىدىن چەتنىگەن، جەزمەن قەتئىي جازالاش كېرەك» دەپ كۆرسەتتى ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رىۋىزىيە كومىتېتىنىڭ ئالاقىدار مەسئۇلى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رىۋىزىيە كومىتېتى نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە تۈرتكە بولۇشنىڭ مۇھىم تۇتقىسى قىلىپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ دەل جايىدا كۈچەپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى مەخسۇس تۈزەشنى تەپسىلىي ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئىنچىكە ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، پۇختا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئەمەلىي نەتىجە ـ ئۈنۈم ئارقىلىق ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشكە تۈرتكە بولدى.

«شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسى ۋە پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولماسلىق، ئىش قىلىپ نەتىجە يارىتىش روھى يېتەرلىك بولماسلىق، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپلىق قىلىش، ئاممىنىڭ مەنپەئىتىگە سەل قاراش، زىيان يەتكۈزۈش، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسى، شەكلىۋازلىق، بيۇروكراتلىق قاتارلىق مەسىلىلەرنى تۈزەش كېرەك.» «ئاپتونوم رايوننىڭ ‹ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش› باش تېما تەربىيەسى بويىچە مەخسۇس تۈزەش خىزمەت لايىھەسى»نى ۋاراقلىساق، ئون تۈرلۈك تۈزەش مۇھىم نۇقتىسى بىر ـ بىرلەپ ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىلگەن.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رىۋىزىيە كومىتېتى مۇۋەققەتنى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە خىزمىتىگە قويۇپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىنى تۈزەشكە قارىتا، مەركەزنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش مەخسۇس تۈردىكى كۆزىتىش بويىچە قايتما ئىنكاس قىلىنغان مەسىلىلەرنى تۈزىتىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىشنى چىڭ تۇتۇپ، «تۈزىتىش ـ ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈش لايىھەسى»نى تۈزۈپ، «ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرى پارتكوم(پارتگۇرۇپپا)لىرىنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلىشقا ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋاقىتلىق چارىسى»نى ئېلان قىلىپ، نامراتلارنى يۆلەش ساھەسىدىكى مەخسۇس تۈردىكى تۈزەش بىرلەشمە يىغىنى تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈردى، گەۋدىلىك مەسىلىلەرگە قارىتا، ئاپتونوم رايونلۇق نامراتلارنى يۆلەش ئىشخانىسىغا «ئىنتىزام تەكشۈرۈش تەكلىپنامىسى» چۈشۈرۈپ، پۈتۈن سىستېما بويىچە مەخسۇس تۈزەشنى قانات يايدۇرۇشقا ھەيدەكچىلىك قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رىۋىزىيە كومىتېتى پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرىنى كۈندىلىك نازارەت قىلىش، تۇرۇشقا ئەۋەتىپ نازارەت قىلىش، كۆزىتىپ ـ تەكشۈرۈپ نازارەت قىلىش، مەخسۇس نازارەت قىلىش قاتارلىق شەكىللەر ئارقىلىق «ساختا ـ يالغان شەكىلدە» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «ھېساب ـ كىتاب قىلىش شەكلىدە» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «كۆرسەتكۈچ شەكلىدە» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش، «ھەرىكەتچان شەكلىدە» نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش قاتارلىق مەسىلىلەرنى كۈچەپ بايقاپ، خىيانەت قىلىپ ئىگىلىۋېلىش، ساختا مەلۇم قىلىپ ئالداپ ئېلىۋېلىش، قىلىدىغانىنى قىلماسلىق، قالايمىقان ئىش قىلىش قاتارلىق چىرىكلىك ۋە ئىستىل مەسىلىسىگە قىلچە يول قويماي، ئىنتىزام ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىققا تارتىشنى دەل جايىدا نازارەت قىلدى.

# ئاپتونوم رايون مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ سەككىز تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى

**ئۆز خەۋەرىمىز** يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رىۋىزىيە كومىتېتى مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىغا خىلاپ سەككىز تىپىك مەسىلىنى ئاشكارىلىدى. بۇ سەككىز تىپىك مەسىلە تۆۋەندىكىچە:

1. ئاپتونوم رايونلۇق ئەدلىيە نازارىتى سىياسىي بۆلۈمى پارتىيە قۇرۇلۇشى باشقارمىسىنىڭ سابىق باشقارما دەرىجىلىك تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلغۇچىسى بى ۋۇجياڭنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا كۈتۈۋېلىش، ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى شەخسىي ئىشقا ئىشلىتىش قاتارلىق مەسىلىسى. 2013 ـ يىلىدىن 2017 ـ يىلىغىچە، بى ۋۇجياڭ شىنجاڭ ئەدلىيە ساقچى ـ ئوفىتسېرلار مەكتىپى پارتكومىنىڭ شۇجىسى، مۇئاۋىن مەكتەپ مۇدىرى بولغان مەزگىلدە، قول ئاستىدىكىلەرنى كۆشكۆرتۈپ ئەمگەك مۇلازىمەت ھەققى، ئىش بېجىرىش ھەققى قاتارلىق نامالار بىلەن ساختا چىقىم قىلىپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ھۆكۈمەت ئىشلىرىدا كۈتۈۋېلىشقا ئىشلەتكەن؛ كاماندىروپكىغا چىقىش پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ، كۆپ قېتىم مۇساپىسىنى ئۆزگەرتىپ، شىئەن، چېڭداۋ، لەنجاۋ قاتارلىق نۇرغۇن جايلارغا بېرىپ ساياھەت قىلىپ ئويناپ، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا 9800 يۈەن خىراجەتنى ئاپتوت قىلدۇرغان؛ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ 20 نەچچە قېتىم ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى ئىشلىتىپ شىخەنزە شەھىرىگە بېرىپ شەخسىي ئىشنى بېجىرگەن، بۇنىڭدىن كېلىپ چىققان 6800 يۈەن يېقىلغۇ ھەققى، يول ھەققىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا ئاپتوت قىلدۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، بى ۋۇجياڭدا يەنە باشقا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىمۇ ساقلانغان. بى ۋۇجياڭغا پارتىيەدە ئىككى يىل قالدۇرۇپ سىناش، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلدى.

2. ئاۋات ناھىيەلىك 1 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ سابىق مۇئاۋىن شۇجىسى، مەكتەپ مۇدىرى ھۆرنگۈل داۋۇتنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئېلىش مەسىلىسى. 2014 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە، قۇربان ھېيت، «8 ـ مارت» ئاياللار بايرىمى مەزگىلدە، ھۆرنگۈل داۋۇت كۆپ قېتىم باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇلنى ئالغان، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 61 مىڭ 300 يۈەن بولغان؛ باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتىنى ئۆزى زىيابەتكە تەكلىپ قىلغاندا چىقىم قىلغان 3000 يۈەن تاماق پۇلىنى تۆلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، ھۆرنگۈل داۋۇتتا يەنە باشقا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىمۇ ساقلانغان. ھۆرنگۈل داۋۇتقا پارتىيەدە بىر يىل قالدۇرۇپ سىناش، مەمۇرىي ۋەزىپىسىدىن ئېلىپ تاشلاش جازاسى بېرىلدى.

3. مارالبېشى ناھىيەلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى ئىدارىسى قاتناش ساقچى چوڭ ئەترىتىنىڭ سابىق مۇئاۋىن چوڭ ئەترەت باشلىقى، ئاپتوموبىل باشقۇرۇش ئورنىنىڭ باشلىقى گۇڭ يۇنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل ئېلىش مەسىلىسى. 2016 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە، جاغان، جۇڭچيۇ مەزگىلدە، گۇڭ يۇ ئىلگىرى ـ كېيىن بولۇپ نۇرغۇن باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتى سوۋغا قىلغان سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇلنى قوبۇل قىلغان، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 24 مىڭ 100 يۈەن بولغان؛ باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتىنى شەخسىي ئىستېمالىغا ئىشلەتكەن 5100 يۈەن پۇلنى تۆلەشكە ئورۇنلاشتۇرغان. ئۇنىڭدىن باشقا، گۇڭ يۇدە يەنە باشقا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىمۇ ساقلانغان. گۇڭ يۇغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش، مەمۇرىي جەھەتتە دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش جازاسى بېرىلدى.

4. ساۋەن ناھىيەسى سۇ تەمىنلەش ـ چىقىرىۋېتىش شىركىتىنىڭ دىرېكتورى كۇڭ شياڭمىننىڭ ئىشخانا قىلىنىدىغان ئۆيىنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ ئىشلىتىش مەسىلىسى. 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايدىن 2019 ـ يىلى 3 ـ ئايغىچە، كۇڭ شياڭمىن كۆلىمى 58.22 كۋادرات مېتىر كېلىدىغان يۈرۈشلۈك ئۆيىنى ئىشخانا قىلىۋالغان، بۇ بەلگىلەنگەن كۆلەمدىن 40.22 كۋادرات مېتىر ئېشىپ كەتكەن؛ نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشتىن ئۆزىنى قاچۇرۇش ئۈچۈن، ئۇ ئىچكى ـ تاشقى ئىشخانىغا تۆت يۈرۈش ئۈستەل ـ ئورۇندۇق ۋە تۆت خىزمەتچى خادىمنىڭ ئىسىم تاختىسىنى قويۇپ قويغان، ئەمەلىيەتتە تۆت ئادەمنىڭ ھېچقايسىسى بۇ ئىشخانىدا ئىشلىمەيدىكەن. كۇڭ شياڭمىنغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

5. ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق جەمئىيەت مۇلازىمىتى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ سابىق ئىدارە باشلىقى زىياڭ لىمىڭنىڭ شەخسىي ئاپتوموبىلىنى ھۆكۈمەت پۇلىغا بېقىش مەسىلىسى. 2014 ـ يىلى 4 ـ ئايدىن 2018 ـ يىلى 12 ـ ئايغىچە، زىياڭ لىمىڭ ئىدارىنىڭ ھۆكۈمەت ئىشلىرىغا ئىشلىتىلىدىغان ئاپتوموبىل يېقىلغۇ ماي يارىدەم تولۇقلىمىسىنى ئۆزى ۋە ئىدارىدىكى باشقا خىزمەتچى خادىملارنىڭ شەخسىي ئاپتوموبىلىغا ماي قاچىلاشقا ئىشلەتكەن، جەمئىي سوممىسى 24 مىڭ 900 يۈەن بولغان. زىياڭ لىمىڭغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

6. خوتەن شەھىرى ناۋاغ كوچا باشقارمىسى شىنچۈەن مەھەللىسى ئاھالە كومىتېتىنىڭ سابىق مۇدىرى روزىنىسا ھوشۇرنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ سوۋغاتلىق بۇيۇم قاتارلىقلارنى ئېلىش مەسىلىسى. 2017 ـ يىلى 11 ـ ئايدىن 2018 ـ يىلى 1 ـ ئايغىچە، روزىنىسا ھوشۇر ئىككى قېتىم باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرى سوۋغا قىلغان زىننەت بۇيۇمى، قول سائىتى قاتارلىق سوۋغات بۇيۇملىرىنى ئالغان، خەلق پۇلىغا سۇندۇرغاندا جەمئىي 24 مىڭ يۈەن بولغان. بۇنىڭدىن سىرت، روزىنىسا ھوشۇردا يەنە باشقا ئىنتىزامغا خىلاپلىق قىلىش مەسىلىلىرىمۇ ساقلانغان. روزىنىسا ھوشۇرغا پارتىيە ئىچىدە قاتتىق ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

7. ئۈرۈمچى يول مەمۇرىيىتى ـ دېڭىز ئىشلىرىنى باشقۇرۇش ئىدارىسىنىڭ شىمالىي شەھەر ئەترىتىدىكى چەكتىن ئاشۇرۇپ يۈك بېسىشنى تەكشۈرۈش پونكىتىنىڭ سابىق پونكىت باشلىقى لى يۈنىڭ بەلگىلىمىگە خىلاپلىق قىلىپ مېھماندارچىلىقنى قوبۇل قىلىش، نەرسە سېتىۋېلىش كارتىسى قاتارلىقلارنى ئېلىش مەسىلىسى. 2015 ـ يىلىدىن 2018 ـ يىلىغىچە، لى يۈن كۆپ قېتىم ئۆز ئىدارىسىدىكى خىزمەتچى خادىملارنى باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنىڭ مېھماندارچىلىقىنى قوبۇل قىلىشقا تەشكىللىگەن؛ باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرى سوۋغا قىلغان جەمئىي 2700 يۈەنلىك نەرسە سېتىۋېلىش كارتىسىنى ئېلىپ، ئىدارىدىكى خىزمەتچى خادىملارغا پاراۋانلىق تارقىتىشقا ئىشلەتكەن، ئۆزى 300 يۈەنلىك نەرسە سېتىۋېلىش كارتىسى ئالغان؛ باشقۇرۇش، مۇلازىمەت ئوبيېكتلىرىنى كۆپ قېتىم شەخسىي ئاپتوموبىلىنى ھەيدەپ ئۆزىنى ئۈرۈمچى شەھەر رايونىدا ئىشقا ئاپىرىپ ئەكىلىشكە ئورۇنلاشتۇرغان. لى يۈنگە مەمۇرىي جەھەتتە دەرىجىسىنى تۆۋەنلىتىش جازاسى بېرىلدى.

8. ئارشاڭ ناھىيەلىك ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت ئىدارىسى ئەمگەك رىۋىزىيە چوڭ ئەترىتىنىڭ سابىق چوڭ ئەترەت باشلىقى خېن جيادېڭنىڭ ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلىتىش مەسىلىسى. 2019 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى، خېن جيادېڭ ئىدارىنىڭ ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى ئىشلىتىپ، خىزمەتداشلىرىنى ئۆزى تەشكىللىگەن شەخسىي زىياپەت پائالىيىتىگە قاتنىشىشقا ئاپىرىپ ئەكەلىپ، جەمئىيەتتە ناچار تەسىر پەيدا قىلغان. خېن جيادېڭغا پارتىيە ئىچىدە ئاگاھلاندۇرۇش جازاسى بېرىلدى.

يۇقىرىقى سەككىز تىپىك مەسىلە، ھەم پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرىغا چېتىلىدۇ، ھەم كارخانا، كەسپىي ئورۇنلارغا چېتىلىدۇ، بەزىلىرى بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا سوۋغاتلىق بۇيۇم، سوۋغاتلىق پۇل قوبۇل قىلغان، بەلگىلىمىگە خىلاپ ھالدا مېھماندارچىلىقنى قوبۇل قىلغان؛ بەزىلىرى ھۆكۈمەت ئاپتوموبىلىنى بەلگىلىمىگە خىلاپ ئىشلەتكەن، ئىشخانا قىلىدىغان ئۆيىنى ئۆلچەمدىن ئاشۇرۇپ ئىشلەتكەن؛ بەزىلىرى لىنىيەنى ئۆزگەرتىپ ھۆكۈمەت پۇلىغا ساياھەت قىلغان قاتارلىقلار، ھالبۇكى بۇ مەسىلىلەرنىڭ كۆپىنچىسى پارتىيە 19 ـ قۇرۇلتىيىدىن كېيىن يۈز بەرگەن ياكى ئۇدا يۈز بەرگەن، بۇ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ مەڭگۈ داۋاملىشىدىغانلىقىنى، جەزمەن «قاتتىق» بولۇش دېگەن سۆزدە ئۈزلۈكسىز چىڭ تۇرۇپ، ئىستىلنى تۈزىتىش ئىنتىزامنى چىڭىتىشنى ئىزچىل داۋاملاشتۇرۇش كېرەكلىكىنى چوڭقۇر چۈشەندۈردى. پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى ئىدىيە ۋە ھەرىكەتتە باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزىنىڭ روھى ۋە 19 ـ نۆۋەتلىك مەركىزىي ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى 3 ـ ئومۇمىي يىغىنىنىڭ ئورۇنلاشتۇرمىسىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ «باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم تەستىقى يوليورۇقىنىڭ روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى كونكرېت تەدبىر»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەتنى تەشەببۇسكارلىق بىلەن زىممىسىگە ئېلىپ نەتىجە يارىتىپ، كۈرەش قىلىشقا جۈرئەت قىلىپ، كۈرەش قىلىشقا ماھىر بولۇپ، بوشاشماي، توختاپ قالماي، مەڭگۈ داۋاملاشتۇرىدىغان قەيسەرلىك ۋە قەتئىيلىك بىلەن مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل، تولۇق ئادا قىلىپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنى ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئىستىل قۇرۇلۇشىنىڭ ئەلا نەتىجىلىرى بىلەن جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقىنىڭ 70 يىللىقىنى كۈتۈۋېلىشى كېرەك.

2019 ـ يىللىق جۇڭچيۇ، دۆلەت بايرىمى كېلىش ئالدىدا تۇرماقتا، ھەر دەرىجىلىك پارتىيەلىك رەھبەرىي كادىرلار جەزمەن «تۆت ئاڭ»نى پۇختا تۇرغۇزۇپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى قەتئىي ئىشقا ئاشۇرۇپ، تىپىك دېلو مەسىلىلىرىدىن چوڭقۇر ساۋاق ئېلىپ، ئۆزىگە ھەقىقىي تەنبىھ بېرىپ، ئۆزى ئۈستىدە قاتتىق ئويلىنىپ، باشلامچىلىق بىلەن ناتوغرا ئىستىل ۋە ناچار كەيپىياتقا قارشى تۇرۇپ، باشلامچىلىق بىلەن ئېسىل ئىستىلنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، «باشلامچى ياۋا غاز ئۈنۈم ئېففېكتى»نى جارى قىلدۇرۇپ، يۇقىرىدىكىلەر تۆۋەندىكىلەرگە باشلامچىلىق قىلىپ باشقا پارتىيە ئەزالىرى ـ كادىرلارنىڭ بايرام ئۆتكۈزۈش كەيپىياتىنى ھەقىقىي ئۆزگەرتىشكە تۈرتكە بولۇپ، بايرام مەزگىلىدىكى ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. ھەر دەرىجىلىك ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرى مۇھىم ۋاقىت، نۇقتىلاردا چىڭ تۇرۇپ بوشاشماي، راھەتپەرەسلىك، ھەشەمەتچىلىك قاتارلىق ناتوغرا ئىستىل، يامان ئادەتلەرگە باش كۆتۈرگەن ھامان زەربە بېرىپ، «تۆت خاھىش»نىڭ يوشۇرۇن، شەكلى ئۆزگەرگەن يېڭى يۆنىلىشلىرىدىن ھەر ۋاقىت ساقلىنىشى كېرەك؛ نۇقتىلىق ساھە، نۇقتىلىق ئوبيېكت ۋە ئاچقۇچلۇق ھالقىلارنى گەۋدىلەندۈرۈپ، مەركەزنىڭ سەككىز تۈرلۈك بەلگىلىمىسى ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي قائىدىسىنىڭ روھىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى سىجىل نازارەت قىلىپ، تەكشۈرۈپ، بىر نۇقتىدا بىر نۇقتىدىن دىققەت قىلىپ، قەتئىي بوشاشماي، باشقۇرۇشنى ئادەتكە ئايلاندۇرۇپ، نەتىجە ـ ئۈنۈم يارىتىپ، دۇرۇس كەيپىيات شەكىللەندۈرۈشى كېرەك.

«شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ مەركەز قارار، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى

# قايتما ئىنكاس قىلغان پىكىرلەر بويىچە تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش توغرىسىدىكى خىزمەت لايىھەسى»نى بېسىپ تارقاتتى

(بېشى 1 ـ بەتتە)

«تۈزىتىش لايىھەسى»دە يېتەكچى ئىدىيە ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، قەتئىي، كەسكىن ھالدا يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى ئىزچىللاشتۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ مۇقىملىقنى قوغداش ئومۇمىي ئورۇنلاشتۇرمىسى بىلەن زىچ بىرلەشتۈرۈپ، ئۈچ يىللىق نىشانى چىڭ كۆزلەپ بوشاشماي، كۈچلۈك ھۇجۇم ھالىتىنى ساقلاپ، قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق مۇھىم، زور دېلو، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسى، پەردە ئارقىسىدىكى «مۇناسىۋەت تورى» ۋە «مۇھاپىزەت كونلۇكى»نىڭ يىلتىزىنى قومۇرۇپ، تاشلاپ قويۇۋەتمەي، مەركەز نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسىنىڭ تەلىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىپ، تۈزىتىشنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش، دەرھال ھەرىكەتلىنىپ، دەرھال تۈزىتىشنى قەتئىي ياخشى تۇتۇپ، مەخسۇس كۈرەشتە ئۈزلۈكسىز يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا تۈرتكە بولۇش كېرەك.

«تۈزىتىش لايىھەسى»دە خىزمەت نىشانى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بىرىنچى، مەسىلىلەرنى تۈزىتىشنىڭ جايىدا بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. مەركەز نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەر ھەم پىكىر ـ تەكلىپلەرگە قارىتا، تۈرمۇتۈر، ماددىمۇمادا تۈرگە ئايرىپ، پارچىلاپ، مەسىلە تىزىملىكى، ۋەزىپە تىزىملىكى، مەسئۇلىيەت تىزىملىكى تۈزۈپ، تۈزىتىشتىكى ئۇقتىلىق ۋەزىپە، باسقۇچلۇق ۋەزىپە ۋە ئۇزاق مۇددەتلىك ۋەزىپىنى ئايدىڭلاشتۇرۇپ، تۈزىتىش لايىھەسى، كونكرېت تەدبىر ۋە تۈزىتىش ھېساباتى دەپتىرىنى ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، بىرى تۈزىتىلسە بىرىنى تىزىملىكتىن ئۆچۈرۈش كېرەك. ئىككىنچى، گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىش كېرەك. بەش دەرىجىلىك شۇجى بىرلىكتە تۇتۇشتا چىڭ تۇرۇپ، بېسىمنى قاتلامۇقاتلام يەتكۈزۈپ، پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتى ۋە كەسپىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇش مەسئۇلىيىتىنى چىڭىتىش كېرەك. نازارەت قىلىش، ئىنتىزامنى ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، كۈندىلىك نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى ياخشى تۇتۇپ، تۈرلۈك مەسىلىلەرنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ھەل قىلىنىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى تاكامۇللاشتۇرۇش، مۇكەممەللەشتۈرۈش كېرەك. بىرنى بىلىش ئارقىلىق باشقىلىرىنىمۇ بىلىش، بىرتۇتاش پىلانلاپ تەڭ ئېتىبار بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، مەنبەدىن تۈزۈمنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، يوچۇقنى ئېتىپ، دائىملاشقان ئۇزاق ئۈنۈملۈك مېخانىزمنى شەكىللەندۈرۈش كېرەك.

«تۈزىتىش لايىھەسى»دە تۈزىتىش تەدبىرلىرى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بىرىنچى، سىياسىي يۇكسەكلىك جەھەتتە، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قانات يايدۇرۇشنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى تولۇق تونۇش كېرەك. «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىگە بىرلەشتۈرۈپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشى توغرىسىدىكى مۇھىم يوليورۇقىنىڭ روھىنى چوڭقۇر ئۆگىنىپ، ئىزچىللاشتۇرۇپ، پارتكوم، ھۆكۈمەت ۋە ساھە تارماقلىرىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنى قەرەللىك تەتقىق قىلىش خىزمەت تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرىشىنىڭ كونكرېت تەدبىرلىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئىنچىكىلەشتۈرۈپ، سىياسىي مەسئۇلىيەتنى ھەقىقىي چىڭىتىپ، خىزمەت ئىستىلىنى ياخشىلاپ، مەخسۇس كۈرەش داۋامىدىكى شەكلىۋازلىقنى قەتئىي تۈزىتىش كېرەك. ئىككىنچى، قانۇن بويىچە قاتتىق جازالاش جەھەتتە، قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنى مەركەزلەشتۈرۈپ تەكشۈرۈش مېخانىزمى ۋە دەرىجىگە ئايرىپ تەكشۈرۈش مەسئۇلىيەت تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەر ۋە «مۇھاپىزەت كونلۇكى» مەسىلىسىگە چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنى ئالدىن بىرتەرەپ قىلىپ، باش قىلغۇچىلارنى قوغداش تەدبىرلىرىنى قاتتىق ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، جىنايەتنىڭ يېڭى يۈزلىنىشىگە دىققەت قىلىپ، «سىرتماق قەرز»، تور جىنايىتى قاتارلىق يېڭىچە قارا، رەزىل جىنايەتلەرگە زەربە بېرىش سالمىقىنى ئاشۇرۇپ، ئاممىنىڭ بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا تەسىر يەتكۈزىدىغان تۈرلۈك قانۇنغا خىلاپ جىنايەتلەرگە زەربە بېرىشنى داۋاملاشتۇرۇپ، مۇھىم، زور ۋە يوشۇرۇنۇۋالغان قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ پەيدا بولۇپ قويۇۋېتەمەي، مۇھىم، زور، مۇرەككەپ، چېگىش دېلولاردا بۆسۈش ھاسىل قىلىشقا كۈچەپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ ئىقتىسادىي ئاساسىنى ھەقىقىي يوقىتىش كېرەك. ئۈچىنچى، ئۇنىۋېرسال تۈزەش جەھەتتە، تارماقلارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەر ئاسان پەيدا بولىدىغان مەسىلىلەرنىڭ مەنبەسىنى ئەستايىدىل تەتقىق قىلىپ، قاتناش ـ ترانسپورت، پۇل مۇئامىلە، سودا بازىرى، يەر ـ قېزىلما بايلىق، بىناكارلىق ـ قۇرۇلۇش، مەدەنىيەت ساياھىتى، سۈچىلىق قاتارلىق ساھەلەرنى نۇقتىلىق رەتكە تۇرغۇزۇپ تەكشۈرۈپ، كېسەل مەنبەسىنى توغرا تېپىپ چىقىپ، لايىھە تۈزۈپ چىقىش؛ ساھە تارماقلىرى بىلەن سىياسىي ـ قانۇن ئورگانلىرىنىڭ قوش يۆنىلىشلىك ئۆتكۈزۈپ بېرىش ـ قايتما ئىنكاس قىلىش، ئۇچۇردىن ھەمبەھىرلىنىش، ماسلىشىپ بىرلەشمە ھەرىكەتلىنىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، جىنايى ئىشلار بويىچە قانۇن يۈرگۈزۈش ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنى جىپسىلاشتۇرۇش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەخسۇس تۈزەشنىڭ نەتىجە ـ ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش كېرەك. تۆتىنچى، چوڭقۇر قېزىپ، ئۈزۈل ـ كېسىل تەكشۈرۈش جەھەتتە، پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ئىنتىزام تەكشۈرۈش، رىۋىزىيە ئورگانلىرىنىڭ مەخسۇس كۈرەش داۋامىدا نازارەت قىلىش، قانۇن ئىجرا قىلىش، جاۋابكارلىقنى سۈرۈشتۈرۈشنى يەنىمۇ كۈچەيتىشنى ئالغا سىلجىتىپ، «بىر دېلودىن ئۈچ تەرەپنىڭ جاۋابكارلىقنى تەكشۈرۈش» مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ قانۇنغا خىلاپ جىنايىتى ۋە چىرىكلىك مەسىلىسى ئۈزۈك مۇددەت، چوڭقۇر گىرەلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ دېلولار ھەمدە نۇقتىلىق ساھەلەردىكى قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق چىرىكلىك دېلولىرىغا قارىتا، تەڭ قەدەمدە دېلو تۇرغۇزۇپ، تەڭ قەدەمدە تەكشۈرۈپ، قارا، رەزىل كۈچلەرنىڭ پەردە ئارقىسىدىكى «مۇناسىۋەت تورى» «مۇھاپىزەت كونلۇكى»نى بىردەك ئاخىرغىچە قاتتىق تەكشۈرۈش كېرەك. بەشىنچى، ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشى جەھەتتە، قاتتىق تەدبىر قوللىنىپ تەرتىپكە سېلىپ، كەنت پارتىيە تەشكىلاتلىرىنىڭ يېزا ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىش سىستېمىسىدىكى رەھبەرلىك ئورنىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، كەنتتە تۇرۇش خىزمىتىنى كۈچەيتىپ، قاراتمىلىق ھالدا كەنتتە تۇرۇپ ياردەم بېرىش ـ يۆلەشنى قانات يايدۇرۇپ، كۈچلۈك بولغان «ئىككى كومىتېت» رەھبەرلىك بەنزىسى قۇرۇش؛ كەنت كادىرلىرى سەلبىي تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇپ، قەتئىي تۈردە كەنت كادىرلىرىنىڭ شەرتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغانلارنى ئىشىك سىرتىدا توسۇش؛ يېزا ئاساسىي قاتلام پارتىيە تەشكىلاتلىرى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، زامانىۋى بولغان ئاساسىي قاتلامنى ئىدارە قىلىش يېڭى ۋەزىيىتىنى يارىتىش كېرەك. ئالتىنچى، تەشكىلىي رەھبەرلىك جەھەتتە، ھەر دەرىجىلىك قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش مەخسۇس كۈرەشكە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىلىرى ھەم ئىشخانىلىرى يېتەكچىلىك قىلىش سالمىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا زورايتىپ، ھەيدەكچىلىك قىلىش شەكلىنى قېلىپلاشتۇرۇپ، ۋاقتىدا مەسىلىنى بايقىشى، مەسىلىنى ھەل قىلىشى؛ قارا، رەزىل كۈچلەرگە چېتىشلىق يىپ ئۇچلىرىنى توپلاش، ئۆتكۈزۈپ بېرىش، تەكشۈرۈش، قايتما ئىنكاس قىلىش يېپىق ھالقا مېخانىزمىنى ئورنىتىشى ۋە تاكامۇللاشتۇرۇشى؛ تەشۋىقات، سەپەرۋەرلىك شەكلى، ئۇسۇلىدا يېڭىلىق يارىتىپ، ئاممىنىڭ خەۋەردار بولۇش نىسبىتى ۋە قاتنىشىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈپ، كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىشقا قاتنىشىش ئىشەنچى ۋە ئىرادىسىنى چىڭىتىشى؛ ئادۋوكاتلارنىڭ كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىش ھوقۇقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، ھەربىر دېلونىڭ تارىخنىڭ سىنىقى، خەلقنىڭ سىنىقى، جەمئىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتەلىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

«تۈزىتىش لايىھەسى»دە خىزمەت تەلىپى ئايدىڭلاشتۇرۇلدى. بىرىنچى، تەشكىلىي رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىنى يېتەكچى قىلىپ، يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا سىياسىي يۇكسەكلىكنى ئۆستۈرۈپ، ئىدىيە، ھەرىكەتنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، مەسىلىنى تۈزىتىشنىڭ بىرتۇتاش پىلانلىنىپ ماسلاشتۇرۇلۇشى ۋە ھەيدەكچىلىك قىلىنىپ بېجىرىلىشى، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى تۇتۇشى كېرەك. ئىككىنچى، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، ۋىلايەت، ناھىيە ئىككى دەرىجىلىك پارتكومدىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار بىرىنچى مەسئۇل كىشىلىك مەسئۇلىيىتىنى كۆچەپ چىڭىتىشى، ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلاردىكى ئاساسلىق مەسئۇل يولداشلار مەخسۇس كۈرەشنى چىڭ تۇتۇپ، ئۆزى تەتقىق قىلىپ، ئورۇنلاشتۇرما قىلىپ، ئۆزى تەشكىللەپ، ماسلاشتۇرۇپ، ئۆزى دېلولارنى ھەيدەكچىلىك قىلىپ بېجىرىشى كېرەك. ئۈچىنچى، تۈزىتىش، نازارەت قىلىشنى چىڭىتىپ، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم قانۇن ـ بەلگىلىمە بويىچە مەسئۇلىيەتنى سۈرۈشتۈرۈشنى كۈچەيتىپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكومنىڭ ئورۇنلاشتۇرما ـ تەلەپلىرىنى جايىدا ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

«تۈزىتىش لايىھەسى»دە مەركەز قارا، رەزىل كۈچلەرنى يوقىتىش 21 ـ نازارەتچىلىك ـ يېتەكچىلىك گۇرۇپپىسى قايتما ئىنكاس قىلغان مەسىلىلەرگە سىڭدۈرۈپ، ئالتە چوڭ تۈردىكى 59 تۈرلۈك تۈزىتىش مەزمۇنى رەتلەپ چىقىلىپ، تۈزىتىش نىشانى، تۈزىتىش تەدبىرى، باشلامچى رەھبەر، مەسئۇل ئورۇن، مەسئۇل كىشى ۋە تۈزىتىش مۇددىتى بىرمۇبىر ئايدىڭلاشتۇرۇلدى.